## 124206 ـ سۈنئى ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلەنسە روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

**سۇئال**

نەپەس ئېلىشى قىيىن بولغان بەزى كىسەللەر رامىزان كۈنلىرىدە سۈنئى ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنىشكە ئېهتىياجلىق بولىدۇ، بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بەزى كېسەللەرگە بېرىلىدىغان گازلىق ئوكسىگېن روزىنى بۇزمايدۇ، چۈنكى بۇ ئوكسىگېنغا باشقا ھېچقانداق ماددا قېتىلمايدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى تەبىئى ھاۋا بىلەن نەپەس ئالغانغا ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسىنىڭ قارارىدا مۇنداق كەلگەن " :تۆۋەندىكى ئىشلار روزىنى بۇزمايدۇ: گازلىق ئوكسىگېنمۇ بۇنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ" ] ."ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسى ژۇرنىلى" 10/02/1996 454 ـ نومۇر. دوكتۇر ئەھمەد خەلىلنىڭ " يېڭى دەۋرىدىكى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار" ناملىق ئەسىرى 50-بەت].